# 100 يىللىق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، دەۋرنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش VR سىنىپىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۆرۈنمە ھېس قىلىش شەكلىدىكى ئوقۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلىنىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە ئۈنۈمدارلىقى كۈچەيتىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى.

شىنجاڭ تېببىي داشۆسى ماركسىزم شۆيۈەنى دەرستىن بۇرۇنقى بەش مىنۇت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، «مىكرو پارتىيە تارىخى» دەرسخانىسى تەسىس قىلدى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى دەرسلىك PPT سى تەييارلاپ، مۇنبەرگە چىقىپ ساۋاقداشلىرىنى توردا ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىشقا يېتەكلىدى، سوئال - جاۋاب شەكلى ئارقىلىق قان ۋە ئوتتا تاۋلىنىشنى قايتا ئەسلەپ، «تۆت تارىخ»نى ئۆگىنىش جەريانىدا پارتىيەنىڭ شانلىق تارىخىي مۇساپىسىنى ھېس قىلدى.

قاغىلىق ناھىيەلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار پەن ھالقىپ كوللېكتىپ دەرس تەييارلاش ئارقىلىق پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخى بىلىملىرىنى دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا سىڭدۈرۈپ، قوزغىتىش شەكلى، كۆرۈنۈش شەكلى، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىنى ئوقۇغۇچىلار ياقتۇرىدىغان قىسقا ھېكايىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى پارتىيە تارىخىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

### «ئېچىش ئەندىزىسى» تېخىمۇ جانلىق بولدى

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك شۆيۈەنىدىكى پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئەسلىھە 2019 - يىللىق 2 - سىنىپقا كىرىپ، «پارتىيە تارىخى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچى قوبۇل قىلىش» پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنىنى قانات يايدۇردى.

نەق مەيداندا پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچى سۇڭ تيەن ۋاقىت ئوقىنى بويلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا فاڭ جىمىن، دۇڭ سۈنرۇي، جياۋ يۈلۇ، جۇڭ نەنشەن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى، پارتىيەلىك ئوقۇغۇچى تيەن فۇشىن ئايال پارتىيە ئەزاسى دۇڭ جيەنمىننىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئايانماي، پارتىيە مەخپىيەتلىكىنىڭ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويمىغانلىقىدەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلدى. پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوقۇغۇچىلار «دەۋر ئۆلگىسى لاچىن بايەكە» «مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى ماۋ شياڭلىن» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايە»لەردىن ئورتاقلاشتى. «بۇ ھېكايىلەر بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرغانلىقىمىزنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا مېنىڭ پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش غايە - ئېتىقادىمنى تېخىمۇ چىڭىتتى» دېدى داشۆ ئوقۇغۇچىسى جياڭ يۈ مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ھاياجانلانغان ھالدا سۆز قىلىپ.

قىزىل ئارمىيە ھېكايىلىرى توپلىمى، قىزىل كىنولارنى قويۇش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، كۆرۈنۈشلۈك دراما ئورۇنداش... ئۈرۈمچى شەھەرلىك 75 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قورغاس ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىقلار بىر قاتار ئۆزگىچە پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تۇپىدا ئارقا - ئارقىدىن ئۆگىنىش قىزغىن دولقۇنى قوزغىدى.

ئاۋات ناھىيەلىك لۈشۈن باشلانغۇچ مەكتىپى قانات يايدۇرغان «نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىنى سىزىپ، جاپالىق يىللارنى ئەسلەش» پائالىيىتىدە، ئوقۇتقۇچىلار بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنى «قىزىل كېمە روھى»نى نامايان قىلىدىغان تەشۋىقات تام گېزىتى ئىشلەشكە يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيەنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتىن پارلاق مەنزىلگە يۈزلەنگەنلىكىدەك شانلىق تارىخىي مۇساپىسىنى بايان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى «قىزىل كېمە روھى»، كۆكيار روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غايە - ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، بىلىمنى پۇختا، ياخشى ئۆگىنىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي دەۋر بۇرچىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

### قىزىل بايلىقلار جانلاندۇرۇلدى

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كۇچا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سارىيى رەسمىي ئېچىلدى، شۇنداقلا بۇ كۇچا شەھىرىدىكى مەكتەپتە ئېچىلغان تۇنجى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سارىيى.

شۇ كۈنى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ تەسىرلىك بايانىغا ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 100 يىللىق مۇساپىنى قايتا ئەسلىدى.

كۇچا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى رازىگۈل ئەركىن ئېكسكۇرسىيەدىن كېيىن مۇنداق دېدى: ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك.

ئالاتاۋ شەھىرىدىكى مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ رايون خاسلىقىغا بىرلەشتۈرۈپ، «قىزىل تەربىيە» «دۆلەت دەرۋازىسى تەربىيەسى»نى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە سىڭدۈرۈپ، مەكتەپ رادىيوسى، تاختاي گېزىتى، دۆلەت بايرىقى ئاستىدا سۆز قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سالمىقىنى ئاشۇردى.

كۆكتوقاي ناھىيەسىدە «100 يىللىق پارتىيە تارىخىنى ئەسلىي مەقسەتتە ئەكس ئەتتۈرۈش، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش» باش تېمىلىق يۈرۈشلۈك پائالىيىتى قىزغىن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، چۈشەندۈرگۈچى پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىنى سۆزلىگەندە قايناق ھېسسىياتى ئۇرغۇدى، بالىلار ئاڭلاپ غەيرىتى تولۇپ تاشتى. ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار «قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى» «كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنى» قاتارلىق تېمىلاردا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە تارىخى ۋە دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۇنىڭدىن كۈچ ئالدى، ئىشەنچىنى چىڭىتتى، كەلگۈسىگە يۈزلەندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايون «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى سودا ئىستېمالىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى ئېلان قىلىپ، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىستېمال سۈپىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش قاتارلىق 13 نۇقتىلىق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ «سۈپەتلىك ئىستېمال يېڭى تۇرمۇشقا ئۈندەيدۇ» تېمىسىدىكى ئائىلە بېزەكچىلىك پەسلى، توردا چاغانلىق مال سېتىش بايرىمى قاتارلىق تور بىلەن تور سىرتىدىكى ئىستېمالنى يۇغۇرۇپ ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى پائال تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. بايراملىق ئىستېمال مىقدارىنىڭ يېتەرلىك، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زۆرۈر ئېھتىياجلىق ئىستېمال ئاساسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، بايراملىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لايىھەسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بايراملىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئىلمىي، دەل جايىدا كۈچەيتىپ، سودا ئامبار زاپىسىنى كۆپەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سودا سىستېمىسىدىكى نۇقتىلىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان كارخانىلار تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمەت - كارخانا - بانكا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىنى پۇختىلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لىيۇ بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز، تەكشى - مۇقىم ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كېيىنكى مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال بازىرىدا ئومۇمىي جەھەتتىن ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىش ۋەزىيىتى داۋاملىق كۆرۈلۈشى مۇمكىن. لېكىن يۇقۇم پەيدا قىلغان ئىستېمال بازىرىدىكى مەنپىي يۆنىلىشلىك كاشىلا ئامىلى يەنىلا مەۋجۇت. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى تۆۋەن چەكتىن قايتا ئۆرلىگەن بولسىمۇ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشى قىيىن بولۇش ئەھۋالى رېئال مەۋجۇت بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، ئاپتوموبىل تۈرىدىكى ئىستېمالنىڭ ئېشىشىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدۇ.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىلمىي، مۇۋاپىق تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار سودىگەرلەر جەمئىيىتى، نۇقتىلىق كارخانىلار بىلەن پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، باش تېمىلىق ئىستېمال پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرىدىكەن، پىلانلايدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىڭتۇەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، شەھەر پىلانلاش، قۇرۇش، باشقۇرۇشنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەمدە ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ ئىناق، ياشاشقا باب كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچكە باي، خاسلىقى روشەن بولغان زامانىۋىلاشقان بىڭتۇەن شەھىرى قۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن پىلانلاش، يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈچلۈك مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن شەھەر پىلانلاش ۋە قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، بىڭتۇەن مەدەنىيىتى، تارىخىي مەدەنىيەت، قىزىل گېننى شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئورگانىك سىڭدۈرۈپ، ھەققىي تۈردە شىنشىڭ شەھىرىنى ھەم ئۆزگىچە مەنزىرىگە ئىگە، ھەم مەدەنىيەتكە ئىگە رايون خاس شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شىنشىڭ شەھىرى قومۇلنىڭ تاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا جايلاشقان، ھازىر قارىمىقىدا بىڭتۇەن 13 - شىسى خۇڭشىڭ 1 - مەيدانىنىڭ ھەممىسى، خۇڭشىڭ 4 - مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قىسمەن رايونلىرى بار، مەمۇرىي رايونىغا ئايرىلغان كۆلىمى 539 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنشىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا. شىنشىڭ شەھىرى تەۋەلىك رايوننىڭ قومۇل ئايرودۇرۇمى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون كىلومېتىر. لەنجوۋ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، لەنجوۋ - شىنجاڭ تۆمۈريولى قاتارلىق قاتناش غول لىنىيەلىرى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، كۆزنەكلىك رولى كۆرۈنەرلىك. كۆپ يوللۇق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى بارغانسېرى زىچلىشىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، شىنشىڭ شەھىرى مەملىكەت ئىچىدىكى يېڭى رايونلارنى پىلانلاش ئىدىيەسىنى ئۆرنەك قىلىپ، «سەرخىل» «گۈزەل» «باي» «خاس» بولۇشتىن ئىبارەت ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان شەھەر بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان، پىلانلانغان كۆكەرتىش نىسبىتى 43% بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك باغ - ئورمان شەھىرى ئۆلچىمىدىن يۇقىرى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىرغىچە، شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھى) خوتەن بۇيا كانچىلىق شىركىتىنىڭ بۇ يىللىق تىجارەت كىرىمى جەمئىي 44 مىليون 585 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11 مىليون 56 مىڭ 200 يۈەن ئېشىپ، ئېشىش نىسبىتى 33% بولدى. شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھى) خوتەن بۇيا كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر لىيۇ گۇاڭخۇينىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، خوتەن بۇيا كانچىلىق شىركىتى كەلگۈسىدە قېزىلما بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، كۆمۈر ئاساسىي كەسپىنىڭ فۇنكسىيەلىك ئورنىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىشلەنمىگەن تاشكۆمۈر بىلەن تەمىنلەش تەسىر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدىكەن.

شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى 2012 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى مۇھىم، زور تۈرلەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قومۇل، خوتەن، ئاقسۇ، شەرقىي جۇڭغار قاتارلىق رايونلاردا نۇقتىلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، دۆلەت كارخانىسىنىڭ تۈۋرۈكلۈك ۋە تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولى يەنىمۇ گەۋدىلەندى.

بۇلتۇر، شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھىنىڭ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، سەنتاڭخۇ كان رايونىدىكى شىتۇۋەيبى 1 - نومۇرلۇق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنىڭ 1 - قارارلىق يىلىغا 5 مىليون تونىنا ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، سەنتاڭخۇ كۆمۈرلۈكىدىكى 25 كۆمۈر كان ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىش باشلىغان كۆمۈر كان بولۇپ قالدى. بۇ يىل قومۇل شۆبە شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۆمۈرى 530 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، سېتىش كىرىمى 15 مىليون 909 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىلگىرىكى قاقاس چۆل - جەزىرىلەردە سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، تۈر ۋاقىتلىق قۇرۇلۇشى، كۆمۈر ساقلاش مەيدانى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ئۆلچەش رايونى يۈلتۇزلاردەك تارقالغان بولۇپ، كۆمۈر توشۇيدىغان ئاپتوموبىللار تەرتىپلىك ھالدا توختىماي سىرتقا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. قومۇل شۆبە شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇڭ خەنئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: شىتۇۋەيبى 1 - نومۇرلۇق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىدا 2021 - يىلى 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، بىرلەشمە سىناق يۈرۈشتۈرۈش باسقۇچىغا كىرگۈزۈشنى ھەمدە 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرىنى پۈتكۈزۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى باشلاشنى پىلانلىدۇق.

«شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، يېتەرلىك ئېلاستىكلىقى، غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ۋە ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە. كارخانا پەن - تېخنىكا، پەن - تەتقىقاتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانا تەرەققىياتىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ يىل تىجارەت كىرىمىنىڭ ئېشىشى 10%تىن تۆۋەن بولماسلىق، ساپ پايدىنىڭ ئېشىشى 30%تىن تۆۋەن بولماسلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ.» شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر خۇ گوچياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل گۇرۇھىمىز نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىدۇ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئۈنۈم ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، زاپاس مىقدارنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش مىقدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش ھەم تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

2021 - يىلى شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى خوتەن 350MW × 2 ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرىنى قۇرۇلۇشنى تېزلىتىدۇ، ۋۇسەيۈەن كان رايونى 2 - نومۇرلۇق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ رايوننىڭ كەسىپ ھەم تۈر ئورۇنلاشتۇرمىسىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق ھالدا قومۇل، ئاقسۇ، خوتەن، باينغولىن، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى ھەم ئەمەلىي كەسىپلەرنى يېتىلدۈرىدۇ؛ قومۇلنىڭ شامال ئېلېكتر، يورۇقلۇق ئېنېرگىيە تۈرى ئۆسكۈنىلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، ئاسراش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، توك چىقىرىش مىقدارى ھەم تورغا يوللىنىدىغان توك مىقدارىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاشۇرىدۇ؛ قومۇل سەنتاڭخۇ شىتۇۋەيبى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنىڭ «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش» ئوت ئېلېكتر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى تۈرىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، شىركەتنىڭ «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىياتىنى ياخشى باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ

□شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى دراما - كىنو - تېلېۋىزىيە شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى مۇيەسسەر توختى

پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقدار بىمەنە سەپسەتىسى پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ، بۇنىڭغا مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشىم ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشىمنى ئەسلىسەم، كىشىلىك ھاياتىمدىكى ھەربىر قەدىمىمنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەن لوپ ناھىيەسىدە تۇغۇلدۇم، 1984 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردىم، مەكتەپتىكى مەزگىلدىكى ئەلا ئۆگىنىش نەتىجەم ۋە ئىپادەم بىلەن 1988 - يىلى مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم. مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە زور كۈچ بىلەن تەربىيەلىشىدە، مەن 2003 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن فرانسىيەگە بېرىپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇم. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزمەن، مەن ئەينى چاغدا، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن دەرھال ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىپ، ئەستايىدىل، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئۆگەنگەنلىرىمنى ئالىي سەنئەت مائارىپى ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ، شۇ ئارقىلىق پارتىيە ۋە ۋەتەنگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشنى ئويلىدىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن نۇرغۇن كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، مەسىلەن، «قۇربان تاغىنىڭ بېيجىڭغا سەپەر قىلىشى» «شىنجاڭ قىزى» «خېلەنشۆ» «مۇقام بىلەن ئۆتكەن ھايات» قاتارلىقلار. بۇ كىنو، تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى سۈرەتكە ئېلىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق، مېنىڭ كەسپىي ئەمەلىيەت ئىقتىدارىم ئۆسۈپ قالماي، يەنە مېنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمنى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىم يەنىمۇ كۈچەيدى. مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىگە قاتناشقاندا، ھەر قېتىم تۇغقانلىرىمغا نۇرغۇن كىتاب ئالغاچ باردىم ھەم ئۇلارغا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگەتتىم. مەن تۇغقانلارنىڭ ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، تۇغقىنىم ئائىلىسىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، تۇغقانلارغا پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدىم.

پارتىيەنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك جەمئىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىۋاستە ھېس قىلدىم. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ، تۈرلۈك ئىشلار گۈللەپ ياشناپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشىم پەقەت تۈمەنلىگەن شىنجاڭ ھېكايىلىرىنىڭ بىرى، مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدا ياشىغانلىقىمدىن چەكسىز بەخت ھېس قىلىمەن. شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭچىيۈەن شىمالىي يولى 500 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن